دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى توسۇيالمايدۇ

□ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ئەلى غوپۇر

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھەدەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. مەن پارتىيە ۋە دۆلەت كۆپ يىل تەربىيەلىگەن پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قەتئىي قوللايمەن ۋە ھىمايە قىلىمەن.

ئەمەلىيەت ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

ئىلگىرى بىر مەزگىل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە، يېزىلاردا ھەتتا شەھەرلەردە نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان ئاياللارنى، ھەتتا قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلارنى كۆرگىلى بولاتتى؛ بىر قىسىم يىگىت ـ قىزلار «نىكاھ» ئوقۇتۇپ توي قىلدى، چۈنكى ئۇلار توي خېتىنى ھۆكۈمەت تارقىتىدۇ، «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارىدى؛ بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنى «كاپىر» دەپ قاراپ، ئاتا ـ ئانىسى ئەتكەن تاماقنىمۇ «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ يېمىدى، ئانىسى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، ھەتتا دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىمىدى؛ بىر قىسىم كىشىلەر قاتناش چىرىغىنى ھۆكۈمەت ئورناتقان، «قىزىل چىراغ يانسا توختاش ھاجەتسىز» دەپ جۆيلىدى؛ ئۇلار تېلېۋىزور كۆرمىدى، رادىيو ئاڭلىمىدى، ناخشا ئېيتمىدى، ئۇسسۇل ئوينىمىدى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسىمۇ يىغلىغىلى قويمىدى... بۇلار ئىلگىرى شىنجاڭدا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ئىشلار، شۇنداقلا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئىشلار.

تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. تېررورىزم، ئەسەبىيزمدىن ئىبارەت خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۇ جەمئىيەت زەھەرلىك ئۆسمىسىنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى قوغداپ، خەلقنى تىنچ، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىدا بەختلىك ياشايدىغان قىلىش ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى.

كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە ھادىسىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالدى. قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىشىنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ۋە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەردىن كۆپ قېتىم «تەربىيەلەش مېنى قۇتقۇزۇۋالدى» دېگەن قەلب ساداسىنى ئاڭلىدىم. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، تەربىيەلەش بىر قىسىم كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، نەچچە ئەۋلاد كىشىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇڭا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار.

ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن ئانا ئەڭ ئۇلۇغ. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىسىنى «ئاپا» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگەن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى دەپ بىلىپ، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئانىلىق مېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرغان. مېنىڭچە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھېس قىلغىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىدۇر!

ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەمنى قوللىنىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يول قويۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بەرگەنلىك، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بولمىسا، سۆز قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. «ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋا شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىك پاكىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىگە دەخلى قىلالمايدۇ.» بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى توغرىسىدا شىنجاڭلىقلار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

□ گۈچۈڭ ناھىيەسى دۆڭبېن مەسچىتىدىكى دىنىي زات ھامۇت مامۇت

80 ياشقا يېقىنلاشقان شىنجاڭلىق، 30 نەچچە يىل دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان دىن ساھەسىدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى، بۈگۈنكى تىنچ مۇھىت ۋە بەختلىك تۇرمۇشتىن مەن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، يول يۈرۈش، مائارىپ، داۋالىنىش ھەمدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولدۇق، تۇرمۇشىمىز بەختلىك، ئازادە ھەم خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام ئۆتمەكتە.

ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈم گۈچۈڭ ناھىيەسى گۈچۈڭ بازىرى شۈيمۇخې دەرياسى بويىدىكى بىر كونا ئولتۇراق رايوندا ئىدى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت نۇرغۇن مەبلەغ، ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، شۈيمۇخې دەرياسىنى مەركەزلىك تۈزەش ۋە كەپىلىك رايوننى ئۆزگەرتىشنى قانات يايدۇردى، ھازىر بىزنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىكى پاكار، قاراڭغۇ، زەي كېسەك ئۆيلەر پاكىز، رەتلىك، ئازادە، يورۇق ۋە لىفت، تۇرۇبا سۈيى، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار سەپلەنگەن فۇنكسىيەسى مۇكەممەل ئېگىز بىنالارغا ئايلاندى، شۈيمۇخې دەرياسىنىڭ سۈيى سۈزۈك بولۇپ، كوچا يوللىرى پاكىز، چىرايلىق، ئولتۇراق رايوننىڭ مۇھىتى گۈزەل بولدى، مۇزىكىلىق فونتان، ئىستىراھەت باغچىسى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى، نۇرغۇن ئائىلىنىڭ كىرىمى ئېشىپ، ئامانەت پۇلى بار بولۇپلا قالماي، يەنە پىكاپ سېتىۋالدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە تۇرالغۇ، يول يۈرۈش مۇھىتى قاتارلىقلار زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

ئائىلىمىز بىر چوڭ ئائىلە، ھۆكۈمەت بىزگە داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى ئېلىپ بەردى، ھەر يىلى يەنە قەرەللىك ھالدا بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈرىدۇ، بىز يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ، يول يۈرۈشتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق، ھەربىر كۈنىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ.

شىنجاڭدا، پۇقرالارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق ھۆرمەت قىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. مەسچىتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، سۇ، توك، يول، پار، خەۋەرلىشىش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ كىتاب ئۆيى ۋە سۇلۇق ھاجەتخانا، مۇنچا ئەسلىھەلىرى، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپى، ئاياغ قاپلاش ماشىنىسى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، LED ئېلېكترونلۇق ئېكران، كومپيۇتېر(ئالاقە تورىغا ئۇلانغان)، تېببىي ـ دورا ساندۇقى، مىكرو تىپلىق ئوت مۇداپىئە پونكىتى، تەبىئىي گاز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بولغان، ئازادە، يورۇق، پاكىز، چىرايلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلەندى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ناماز پائالىيىتىگە قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مەسچىتتە كىتاب ئوقۇسا، گېزىت ئوقۇسا، تېلېۋىزور كۆرسە بولىدۇ. مەن ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، بىزنىڭكىگە ئوخشاش بۇنداق مەسچىتلەر نۇرغۇن دۆلەتتە يوق. شۇڭا، بىز ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدا قالايمىقان بىلجىرلىشىغا، بىزنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىمىزگە قول تىقىشىغا، قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز.

ئامېرىكا تەرەپ ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان دىن ساھەسىدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ساختىپەز قىياپىتى ۋە رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمىز، ئۇلارنىڭ نىيىتى رەزىل بولۇپ، تۈپ مەقسىتى بىزنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمىزگە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىغا قارا سۈركەپ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم جەمئىيەت ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇپ، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە، مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ يامان نىيەتلىك سىياسەتۋازلارغا رەسمىي يوسۇندا شۇنى ئېيتىمەنكى: سىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىڭلار، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭلارغا بىز شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

# تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىزگە ياخشى كۈنلەرنى ئېلىپ كەلدى

□ لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى ئارىش كەنتى ئارىش مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىمىت ئېلى

مەن لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى ئارىش كەنتى ئارىش مەسچىتىنىڭ ئىمامى، شۇنداقلا يارقىن گىلەم زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى، زاۋۇتۇمدا تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقان 35 خادىم بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنىڭ يەنە بىر باغچىلىق مەيدانىم بار. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، مېنىڭ بىر نامرات ئائىلە ئىكەنلىكىمنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن.

مەن بىر ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئائىلىمىزدە جان سانىمىز كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. 2000 ـ يىلى، تۇرمۇشۇمنى ياخشىلاش ئۈچۈن، مەن گىلەم زاۋۇتىغا بېرىپ گىلەم توقۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم. 2006 ـ يىلى، مەن تېخنىكا ئۆگىنىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ گىلەم توقۇپ، تۇرمۇشۇمنى قامداشقا باشلىدىم، ئارىلىقتا چىرايلىق خوتۇنۇم بىلەن توي قىلدىم، تويدىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز كەلگۈسىدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا تەلپۈنۈپ، ئۆز ئىشىمىزنى باشلىدۇق، گەرچە كۆپ پۇل تاپالمىغان بولساقمۇ، لېكىن تۇرمۇشىمىز ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق.

لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. شۇ چاغلاردا، كەنتتىكى بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ئەسلىدىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەيدىغان، ئۆزىنىڭ يېرىنىمۇ ياخشى تېرىمايدىغان بولدى، ئاياللار بارا ـ بارا نىقابلىق كىيىم كىيىدىغان بولدى، چوڭ كوچىدا، بازاردا ئادەم ئازلاپ كەتتى، ئەسلىدىكى ئاۋات كەنت چۆلدەرەپ قالدى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە بىر تەرەپنىڭكىنلا ئاڭلاپ ئىشىنىش ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىش نۇرغۇن كىشىنى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان تۇغما ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلدى. ئۆيىمىزدە گىلەم توقۇشقا ئىشلىتىدىغان خام ماتېرىيال سېتىۋېلىش بارغانسېرى تەسلەشتى، سېتىش يولىمىزمۇ بارغانسېرى تارايدى، توقۇلغان بىر قىسىم گىلەملەر ئامباردا تۇرۇپ قېلىپ چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتتى، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەسلىدىكى گۈزەل تۇرمۇشىمىز ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مەن نامرات ئائىلىگە ئايلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدىم.

زادى كىم بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ «ئۈچ خىل كۈچ»، دەل ئۇلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالدىغاچقا، قايمۇقتۇرغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇش يۆنىلىشىنى يوقاتتى، ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يوقاتتى، بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا ئازدۇرۇلۇپ، مەجبۇرلىنىپ تەلۋىلەرچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت يولىغا ماڭدى. كۆپچىلىك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يار ـ يۆلەكسىز قالغاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇلارغا قارىتا سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چېھرىدە تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدنىڭ يەنە قايتا جىلۋىلەنگەنلىكىنى كۆردۈم.

ھازىر، جەمئىيەت مۇھىتى ياخشىلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، مەن يەنە گىلەم توقۇش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. 2017 ـ يىلى، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ گىلەم زاۋۇتىنى رويخەتكە ئالدۇردۇم. گىلەم زاۋۇتىدا خام ماتېرىيالغا كاپالەتلىك قىلىشتىن تارتىپ مەھسۇلاتنى سېتىشقىچە ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن، تىجارىتىم ناھايىتى ياخشى، ئايلىق كىرىمىم 7000 يۈەندىن ئاشىدۇ. تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئۈچۈن، مەن يەنە كالا بېقىشقا باشلىدىم، 35 تۇياق كالا سېتىۋېلىپ بورداشقا باشلىدىم، ئاخىرى نامرات ئائىلە دېگەن قالپاقنى تاشلىدىم، يەنە قىسمەن يۇرتداشلارنىڭ نامرات ئائىلە دېگەن قالپاقنى تاشلىشىغا ياردەم بەردىم. بۇ يىل، كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، مەن يەنە بىر تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتىم.

بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن. بۇ بىر نەچچە يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىم ماڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى، مەن يەنە «ئىتتىپاقلىق بەخت، مالىمانچىلىق ئاپەت» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار، سىلەر پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەتلىرىڭلارنى توختىتىڭلار، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئەمدى قوپاللىق ۋە يولسىزلىق بىلەن ئارىلاشماڭلار. بىزنىڭ شىنجاڭ ھازىر تىنچ، ئىناق، مەن بۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما باشتىن ـ ئاخىر بىردەك ئۇيۇشۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز.